# بۈگۈنكى زامان تەزكىرە كىتابلىرى

«بۇددا ئېلى — ئۇدۇن». ئاپتورى: لى يىنپىڭ. ئەبەيدۇللا ئاقۇپ تەرجىمىسى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇزۇن يىل خوتەننىڭ ئاسارئەتىقە ساھەسىدە ئىشلەپ، مول تارىخىي ماتېرىياللار ۋە تېپىلمىلارنى تەتقىق قىلىشتەك ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىدىن ئۆرنەكلىك پاكىتلار بىلەن ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، كىتابنى بىرقەدەر يۇقىرى تەتقىقات قىممىتى ۋە ئوربگىناللىق قىممەتكە ئىگە قىلغان.

«خوتەندىكى قەدىمكى ئىزلار». ئاپتورى: نىزامىدىن توختى. ژانىرى: تەزكىرە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى. كىتابتا خوتەن رايونىدىكى ئاساسلىق ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان.

«ئانار ماكانى — پىيالما». ئاپتورى: ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن. ژانىرى: ئەدەبىي ئاخبارات، داستان، تەزكىرە توپلىمى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1999- يىل 11- ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 185 بەت، تىرازى: 2000.

قىسقىچە مەزمۇنى: گوما ناھىيىسىدىكى پىيالما خەلقىنىڭ تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىپ بەخت سۈيى ھەل قىلغانلىقى، ئانارچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇتقانلىقى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



داستان، ئەدەبىي ئاخبارات، سۈرەت، تەزكىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

---

ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن 1940 - يىل 11 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ پىيالما يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1959 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»، «خوتەن گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن. ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، 1987 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى تەرىپىدىن كاندىدات ئالىي مۇخبىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.



ئۇ 1957 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «گۈللەنگەن يېزام»، «دېھقان شادلىقى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپلىگەن شېئىر، باللادا، ناخشا تېكىستلىرى ئېلان قىلىندى. 1960 - يىلىدىن باشلاپ «نۇرخاننىڭ خۇشاللىقى»، «گۈلمەچىننىڭ بەختى»، «تەۋەررۈك بادام» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېركلارنى ئېلان قىلدۇرغان. 1959 - يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»، «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىنى تەھرىرلىگەندە كۆپلىگەن ياش ئاپتورلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەسسە قوشقان.

ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» (和田简史). خەنزۇچە. ژانىرى: تارىخ. شىنجاڭ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نى تۈزۈش

ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان. باش مۇھەررىرى: سۇن بىڭ، مەسئۇل مۇھەررىرى لۇ خەيشەن. جۇڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2002 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5348 — 1821 — 4K/838 . تىراژى: 5000.

كىتاب خوتەن تارىخىدىن ئومۇمىي بايان؛ خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخى ۋە ئالاھىدە ئىگىلىكى؛ خوتەننىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخى؛ خوتەننىڭ مىللەتلەر تارىخى؛ خوتەننىڭ دىن تارىخى؛ خوتەننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخى؛ خوتەننىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تارىخى؛ خوتەننىڭ تىل - يېزىق تارىخى؛ خوتەندە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر قاتارلىق توققۇز بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، خوتەننىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات تارىخى خېلى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«ئاجايىپ كۆنلەر». ئاپتورى: ز. ئى. كازىم. ژانىرى: ئەسلىمە. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 290 بەت.

ز. ئى. كازىم بۇ كىتابىدا سەنئەتكار، مەدەنىيەت تەشكىلاتچىسى، مائارىپچى ئانىسى مەرھۇم ھاجى خانىمنىڭ خوتەننىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد ئەتكەن. ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆزىنى ۋەتەن، خەلققە بېغىشلاش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن تولىمۇ ئەگرى - توقاي يوللىرى ۋە بۇ يوللاردا كۆرگەن «ئاجايىپ كۈنلەر» نى ئىخچام، جانلىق بايان قىلغان. بۇ كىتاب خوتەننىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى كىتابتۇر.

---

ز.ئى. كازىم 1933 - يىلى جامائەت ۋە مەدەنىيەت ئەربابى ز.ئى. ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1934 - يىلى ئانىسى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



بىلەن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. 1938- يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە، 1943- يىلىغىچە مەكتەپ تەربىيىسىدە بولغان. 1950- يىلىدىن 1994 - يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر لوپ ناھىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مەكتەپ مۇدىرى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. خەلقىنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بەختكە قارشى 71 يېشىدا ۋاپات بولدى.

«ياڭرىدى ھەرياندا ساز». خەنزۇچە. ژانىرى: ئۇنىۋېرسال. باش مۇھەررىرى: جاۋ ۋېنډىڭ، مەسئۇل مۇھەررىرى: لۇ لىن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 8 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 228— 05334 — 0/K.709. تىراژى: 3000.

بۇ خوتەن ۋىلايىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، خوتەننىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلىغان سوۋغىسى سۈپىتىدە نەشرگە تەييارلىغان كىتاب بولۇپ، ئۇن سەھىپىگە بۆلۈنگەن. ھەرقايسى جەھەتلەر ۋە كۆپ خىل نۇقتىدىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىل، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيان خوتەن ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر ھەر خىل ژانىردىكى ماقالە، ئەسەرلەر ئارقىلىق نامايان قىلىنغان.

«ئۇزۇلمەس ئېقىن». ئاپتورى: مەمەتئەيسا قۇربان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 399 بەت.

بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، كېرىيە توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ۋە كىچىك ماۋزۇلار ئارقىلىق كېرىيىنىڭ دېھقانچىلىق،

ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ئىمارەت، كىيىم - كېچەك، چاي، توقۇمىچىلىق، تاشچىلىق، سودا - تىجارەت مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى ئوت - ئاتەش ئېتىقادچىلىقى بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى قىسمىدا، كېرىيىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە خارابىلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىلگەن. كېرىيىدىكى چوڭ - كىچىك دەريا ۋە كۆللەر، قەدىمكى تېرەكلەر ۋە ئۇلار توغرىسىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قىزىقارلىق رىۋايەتلەر تونۇشتۇرۇلغان.

ئۈچىنچى قىسمىدا، 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى كېرىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى، كېرىيىدە تۇنجى قۇرۇلغان مۇزىكىلىق ساماۋەرخانا، سانايىنەپىسە، مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئويغىنىشى، جاھالەتلىك دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئەلنەغمە ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالى، ئىجادىي ئەمگەكلىرى تونۇشتۇرۇلغان. 1949 - يىلىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدىكى يېڭى يۈكسىلىشلەر، مەدەنىيەت يۇرتى، سەنئەت ئۆمىكى، شىنخۇا كىتابخانىسى قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلگەن.

تۆتىنچى قىسىم «ئۇزۇلمەس ئېقىن» ماۋزۇسى ئاستىدا، كېرىيىدە يېتىشىپ چىققان 30 دىن ئارتۇق تەتقىقاتچى، ئالىم، تىلشۇناس، شائىر، يازغۇچى، سەنئەتكار، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ تەرجىمىھالى، ئىجادىي ئەمگەكلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن قوشۇپ تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە مۇۋاپىق باھا بېرىلگەن. كىتابنىڭ باش قىسمىغا كېرىيىنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە چاي (مېھماندارچىلىق) مەدەنىيىتىگە ئائىت سۈرەتلەر بېرىلگەن. ئاخىرىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



3 . ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى كېرىيىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ - چوڭ مەدەنىي پائالىيەت ئۇچۇرلىرى بېرىلگەن.

---

مەمەتئەيسا قۇربان 1943 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سىيەك يېزىسىدا دېھقان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1962 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1968- يىلى «قايتا تەربىيە» ئۇچۇن ئازادلىق ئارمىيە 7994 - قىسمىغا ئەۋەتىلگەن. 1970- يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇھەررىر، «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇخبىر ۋە



مۇھەررىر بولغان. كېيىنكى يىللاردا كېرىيە ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن.

شائىر مەمەتئەيسا قۇربان 1962 - يىلى «شىنجاڭ پىئونېرلىرى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ياشا دەيمەن» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ ھازىرغىچە 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. «توي سوۋغىسى»، «پەزىلەت ناخشىلىرى»، «بالىلار ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار»، «تىيانشان ناخشىسى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىغا بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 2000 - يىللىق نوپۇسىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالى» (和田地区 2000 年人口普查资料).

خوتەن ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى، خوتەن ۋىلايىتى نوپۇس

تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 228 — 07554 — 4/C.120، 16 كەسلەم، قاتتىق مۇقاۋىلىق. 647 بەت، تىراژى: 450.

بۇ كىتاب خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نوپۇسىنى 5 - قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش يەنى 100 گە يېقىن ناھىيە، شەھەر، يېزىلىق ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، ئون مىڭ 113 نەپەر تەكشۈرگۈچىنىڭ جاپالىق خىزمىتى، ھەر مىللەت، ھەر ساھەنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى ۋە ماسلىشىشى بىلەن ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ توپلىغان ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ كىتاب ئىككى خىل يېزىق ئارىلاشتۇرۇلۇپ نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئاساسىي ئون بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالاھىدە ئاخباراتلار، ئائىلە، ئەھۋاللار، مىللەتلەر، يېشى، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى، قوشۇمچە خاتىرە، ئۆلگەنلەر، ئاھالىلارنىڭ كۆچۈشى، تۇرالغۇ ئۆي، دىئاگراممىلار قاتارلىق مەزمۇن تەرتىپ بويىچە جەدۋەل، ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلغان. تەپسىلىي بولۇش — ناھىيە، يېزا بويىچە ھەربىر مەزمۇننى ئېنىق ئىپادىلەش بۇ كىتابنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى.

كىتابنىڭ باش ۋە ئاخىرقى تىتۇلىغا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رايون خەرىتىسى (رەڭلىك) ئايرىم - ئايرىم ئىككى خىل يېزىقتا رەڭلىك بېرىلگەن.

«مۇقەررەپشاھ غوجا». ئاپتورى: نۇرمۇھەممەد كېرىم تەرجىمىھال - تارىخ. قەشقەر ئۇيغۇر كىتابى. ژانىرى: تەرجىمىھال - تارىخ. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0937 I/X، كىچىك 32 كەسلەم، 134 بەت، تىراژى: 2570.

بۇ 1867 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى كىلياڭ يېزىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان مۇقەررەپشاھ غوجىنىڭ تاكى 1890 - يىلغىچە

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



خەلققە سالغان ئېغىر زۇلۇم - ئوقۇبەتلىرى، تەرەققىيات يولىنى تۇتۇپ قىلىنغان بىر قىسىم ياخشى ئىشلىرى تارىخىي چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان كىتابتۇر. كىرىش سۆز، ئالتە باب ۋە ئاخىرقى سۆزدىن تەشكىل تاپقان بۇ ئەسەر راۋان بايانلىرى، ئىنچىكە ۋە ئىلمىي، تارىخىي پاكىتلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان.

«ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى». ئاپتورى: مەتسەيدى مەتقاسىم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 164 بەت.

بۇ كىتاب ئۇيغۇر دەرۋازلىقىنىڭ تەزكىرىسىنى تۇرغۇزۇش يولىدىكى سەككىز بابلىق قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك تۇنجى ئەمگەك بولۇپ، «ئۇيغۇر دارۋازلىقى توغرىسىدا» ماۋزۇسىدىكى 1 - بابتا ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، دارۋازلىقنىڭ تارىخىي مەنبەسى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا يەنە دار مەيدانى ۋە دارنىڭ تۈزۈلۈشى بىرقەدەر ياخشى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئىككىنچى بابتا ئۇيغۇر دارۋازلىقىنى تارىم ۋادىسىدىن ھالقىتىپ، مەملىكەت ۋە دۇنيا سېرك سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان ئادىل ھوشۇر جەمەتىنىڭ 434 يىللىق تارىخى تونۇشتۇرۇلغان ۋە جەمەتىنىڭ بەش ئەۋلاد ـــ 11 نەپەر دارۋاز ئەۋلادلىرىنىڭ پائالىيىتى ۋە دارۋازلىقتا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرى بايان قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بابلاردا ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ 1949 - يىلىدىن كېيىنكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ـــ «دارغا باغلانغان رىشتە»، «پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇر»، «تونۇلۇۋاتقان ياش دارۋازلار»، «يېتىلىۋاتقان دارۋاز ۋارىسلىرى» دېگەن سەھىپىلەر بويىچە، دارۋازلىقنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، دارۋاز ئۆمەكلىرى، دارۋاز مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇيغۇر دارۋازلىقى ئۈچۈن تەشكىلاتچىلىق، يولباشچىلىق رولىنى ئويناپ كەلگەن ئۇستازلار ۋە

ئىزباسارلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

كىتابنىڭ بېشىغا يەنە مەشھۇر ئۇيغۇر دارۋازلىرىنىڭ سۈرەتلىرى ۋە ئۇيغۇر دارۋازلىق تارىخىدىكى ئەمەلىي دارۋازلىق كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىممەتلىك سۈرەتلەر بېرىلگەن.

---

مەتسەيدى مەتقاسىم 1968 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت



ھاياتى ئالىي مەكتەپتىكى چېغىدىلا باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللاردا 133 پارچە شېئىرى ئېلان قىلىنغان ھەمدە بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ ھازىر كېرىيە ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ جەرياندا 4000 پارچىدەك تېلېۋىزىيە خەۋىرى، 67 پارچە مەخسۇس فىلىم، 14 پارچە تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى ئىشلەپ، كۆپ قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى باھالاشتا ئالاھىدە نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

«خوتەن تارىخىدىن ئەسلىمە». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن توختى. ژانىرى: تارىخ. خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1988 - يىل باسمىسى، 176 بەت، كىچىك 32 كەسلەم.

بۇ كىتابتا ئاپتور چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا قەدەر بولغان مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلاردىكى خوتەن ۋاقىئاتلىرىنى، ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان.

«خوتەن تەزكىرىسى» ( 和田方志 ). خەنزۇچە. ژانىرى: تارىخ - تەزكىرە. خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تەھرىرلىك ئىشخانىسى تۈزگەن ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان ژۇرنال. 16 كەسلەم.

«خوتەن تەزكىرىسى» 1985 - يىلى چىقىرىلىشقا باشلىغان. شۇ يىلدىكى ئىككى سانى «خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە خەۋەرلىرى» دېگەن نام بىلەن بېسىلغان. 1986 - يىلىدىن باشلاپ ژۇرنال نامى «خوتەن تەزكىرىسى» گە ئۆزگەرتىلگەن. 1985 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە ھەر يىلى ئىككى سان چىقىرىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن راسخوت يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن توختاپ قالغان.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ( 中国共产党和田地区党史事记 ). خەنزۇچە. ژانىرى: تارىخ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى تۈزگەن. مۇھەررىرى: ليۇ جىڭمىڭ، جاۋ ۋېندىڭ قاتارلىقلار. 32 كەسلەم. 1986 - يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلدىكى «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» بىر كىتاب قىلىپ تۈزۈپ كېلىنىۋاتىدۇ.

ھەر يىلدىكى «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن. بىرىنچى بۆلىكى شۇ يىللىق «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» بولۇپ، پارتىيە، دۆلەت، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ خوتەندىكى پائالىيەتلىرى، خوتەندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم يىغىن، قارار، چوڭ پائالىيەتلىرى، مۇھىم ئۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ باشلىنىش ياكى تاماملىنىش ئەھۋاللىرى، چوڭ تەبىئىي ھادىسە، تەبىئىي ئاپەت ئەھۋاللىرى قاتارلىقلار ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئېنىق، ئىخچام بايان قىلىنغان. ئىككىنچى بۆلىكى «خوتەن ۋىلايىتىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى» بولۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش خىزمەت

قاراشلىق ۋە ئۇلارغا كومىتېتى تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئىنتىزام
كومىتېتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق
ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپارات - تارماقلار، شۆبە ھەربىي رايون،
ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى،
پارتكوم، ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، خەلق
قوراللىق بۆلۈمى قاتارلىق ئاپپارات - ئورگانلاردىكى رەھبىرىي
كادىرلارنىڭ ئىسمىلىكى، ۋەزىپىسى، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن،
ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ۋاقتى، يۆتكەلگەن ۋاقتى قاتارلىق
مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى
تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى». ژانىرى: تارىخ. بۇ، شۇ
ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ،
1986 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە 16 كەسلەم ئۆلچەمدە
چىقىرىلغان. 1989 - يىلىدىن باشلاپ 32 كەسلەمگە ئۆزگەرتىلگەن.
دولقۇن ئابدۇرېھىم، مەمتىمىن سابىر قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان.
1993 - يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى چىقىرىش توختاپ
قالغان.

«خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يول، قاتناش تەزكىرىسى» ( 和田地区公路交通志 ). خەنزۇچە. ژانىرى: تارىخ - تەزكىرە. خوتەن ۋىلايەتلىك
يول، قاتناش تەزكىرە ئىشخانىسى تۈزگەن. مەسئۇل مۇھەررىرى: شۇ
چۇنچىڭ، 32 كەسلەم، 1991 - يىل بېسىلىپ ئىچكى قىسىمدا
تارقىتىلغان. تىراژى: 500.

كىتاب توققۇز بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئومۇمىي بايان، چوڭ
ئىشلار يىلنامىسى، قەدىمكى يوللار، تاشيول، قاتناش قوراللىرى،
ترانسپورت، قاتناش قوراللىرى سانائىتى، باشقۇرۇش، خىزمەتچىلەر
تەلىم - تەربىيىسى، قەھرىمان - نەمۇنىچى شەخسلەر قاتارلىق
مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«خوتەن سۈرەت توپلىمى». «خوتەن رەسىملىك ژۇرنىلى
تەھرىر ھەيئىتى» تۈزگەن. ھەيئەت مۇدىرى: غوپۇر
ئابدۇللا. باش مۇھەررىرى: شەن شىڭدې. خەلق قاتناش

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



نەشرىياتى 1993 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 114 — 011798 — 3/F .00208. تىراژى: 3000.

بۇ رەسىملىك توپلامغا 280 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ خوتەندىكى پائالىيەتلىرى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار ۋە سەيلىگاھلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ماقالىلەر ۋە سۈرەت چۈشەندۈرۈشلىرى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە ئۈچ خىل يېزىقتا بېرىلگەن.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تەشكىلات تارىخىي ماتېرىياللىرى». خەنزۇچە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئارخىپ باشقارمىسى نەشرگە تەييارلىغان. باش مۇھەررىرى: جاۋ ۋېندىڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى، 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 228 — 02311 — 0/D.203. تىراژى: 1000.

كىتابتا 1949 - يىل 10 - ئايدىن 1987 - يىل 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەن ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەردىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، بىرلىكسەپ، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان. شۇنىڭدەك بۇ ئورگان، ئورۇنلاردا رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتىگەن خادىملارنىڭ ئىسىملىكى، سايلانغان، تەيىنلەنگەن، قالدۇرۇلغان ۋاقتى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

«قىياپەتول خوتەن» (和田风物). خەنزۇچە. ئۇنىۋېرسال كىتاب. «قىياپەتول خوتەن» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان.

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى لى جيەنجۇڭ، بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىرى جورئەت مەمتىمىن، باش مۇھەررىرى سۇن بىڭ. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1994 ـ يىل 10 ـ ئايدا نەشر قىلىپ تارقاتقان. 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 80547 — 259 — 9/Z.16. تىراژى: 3000.

كىتاب خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، ھەرقايسى ساھەلەر، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، خوتەننىڭ ماددىي بايلىقلىرى، ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى، مىللەتلەر ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر، ساياھەتچىلىك، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئەپسانىلەر، داڭلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى ۋە ئەسەرلىرى قاتارلىق ئون سەھىپىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«گۆھەر زېمىن — خوتەن». بۇ «قىياپەتۇل خوتەن» ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى. ژانىرى: ئومۇمىي ئۇنىۋېرسال. نەشرگە تەييارلىغۇچى ۋە تەھرىر ھەيئەت مەسئۇللىرى خەنزۇچىسى بىلەن ئوخشاش. كوللېكتىپ تەرجىمە قىلغان. مەسئۇل تەرجىمە مۇھەررىرى: نادىر سادىر، مەسئۇل مۇھەررىرى: نۇربىيە ئەزىزى. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1995 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى، 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 80547 — 110 X/J —100. تىراژى: 2000.

كىتاب مەزمۇنى ۋە سەھىپىلىرى خەنزۇچىسى بىلەن ئوخشاش. ئەمما، «داڭلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى» سەھىپىسىگە ئابدۇلھەمىد يۇسۇپى، جاپپار ئەمەت قاتارلىق 11 نەپەر ئالىم، ئەدىبنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىيەت، تەتقىقات نەتىجىلىرى قوشۇپ كىرگۈزۈلگەن.

«خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (和田概况). خەنزۇچە. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا دائىر ئۇنىۋېرسال كىتاب. خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تەھرىرلىك ئىشخانىسى 1986 ـ يىل

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



12 - ئايدا تۈزۈپ باستۇرغان ئىچكى ماتېرىيال. 16 كەسلەم.

كىتاب خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مەخسۇس ماقالىلەر، قوشۇمچە ماتېرىياللار قاتارلىق تۆت بۆلۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تۆت پارچە سۈرەت، توققۇز پارچە خەرىتە كىرگۈزۈلگەن. كىتابتا ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى، تەبىئىي جۇغراپىيىسى، ئىقتىسادى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

«خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى». شۇ ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى. 1986 - يىل 12 - ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان. ئىچكى ماتېرىيال. 16 كەسلەم. مەسئۇل مۇھەررىرى: نادىر سادىر. مۇختەرجان (ما يۈمىڭ)، ئەخمەتجان (دۇجىيىڭ)، فىڭ گوجۈن، نادىر سادىر، مەتسەيدى ھېلىمشا قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان.

كىتابتا خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ «تاڭ شۈەنزاڭنىڭ، بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى، دىكى ئۇدۇنغا دائىر رىۋايەتلەر»، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياڭ پېيجۇ يازغان «قاش ئۆگۈز مەنزىرىسى ھەققىدە سەككىز نەزم» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 4 - بۆلۈمى قىسقارتىلىپ، ئالدىنقى ئۈچ بۆلۈملا تەرجىمە قىلىنغان.

---



مۇختەرجان مۇھەممەدى (ما يۈمىڭ)، ئەر، ئۇيغۇر، 1942 - يىل 6 - ئايدا تۇغۇلغان. 1957 - يىلى شىنجاڭ 6 - قارارلىق كىنو كادىرلار كۇرسىنى پۈتتۈرگەن. 1982 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچى مەدەنىيەت كۇلۇبى؛ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى؛ ۋىلايەتلىك پارتكوم،

مەمۇرىي مەھكىمە؛ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىدا ئىشلىگەن. 1990 - يىلى كاندىدات باش تەرجىمان ئۇنۋانى بېرىلگەن. خوتەندە سىياسىي كېڭەش ھەيئىتى، كەسپىي ئۇستىللىرىغا نازارەت قىلغۇچى، دۆلەتلىك، يەرلىك باج نازارەتچىسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى نازارەتچىسى، شىنجاڭ تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ خوتەندىكى قانۇن ئىجراچىسى قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلەردە بولغان. 43 يىللىق خىزمەت ھاياتىنى ئاساسەن تەرجىمانلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ئۇنىڭ «ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك» دېگەن ماقالىسى «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىلمىي ماقالە خەزىنىسى»گە كىرگۈزۈلگەن ۋە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «مىللىي تىل - يېزىقنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرى نەنىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مىللىي تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئېلان قىلىنغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا «دانىشمەن ئامبال» دېگەن ھېكايىسى بېسىلغان. ئۇ يەنە «تەيۋەن ھېكايىلىرى»، «خوتەن تەزكىرىسى»، «خوتەن ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تېخنىكا نازارەتچىلىك نىزامى»نىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى قاتارلىق كىتابلارنىڭ تەرجىمە مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. «بۈگۈنكى قۇياش»، «لوندون ئاسمىنىدىكى قاغا - قۇزغۇنلار»، «ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش»، «قايتا تىرىلىش»، «ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتناش تېخنىكا قائىدىلىرى»، «جۇڭگو قاتناش قانۇنى» قاتارلىق نەچچە يۈز قىسىم كىنو - تېلېۋىزىيە فىلملىرىنىڭ تەرجىمىسىنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن، تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان. كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك «جۇڭگو مەشھۇر زاتلار يىغىنى»، «جۇڭگو مۇۋەپپەقىيەتچىلەر يىغىنى»، «جۇڭگو ئىختىساسلىقلار يىغىنى»، «جۇڭگو يۇقىرى قاتلام مۇھاكىمە يىغىنى» قاتارلىق يىغىنلارغا ئالاھىدە مېھمان سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىنغان. ئۇنىڭ تەجىمىھالى ۋە ئىش - ئىزلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «دۇنيا مۇنەۋۋەر ماقالىلەر

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



توپلىمى»، «جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر زاتلار قامۇسى»، «دۇنيا مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى» قاتارلىقلارغا بېسىلغان. بەزى ماقالىلىرى چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭغا «جۇڭخۇا خەلقئارا مەشھۇر زاتلارنى باھالاش ھەيئىتى، جۇڭگو خەلقئارا مەشھۇر زاتلارنى تەتقىق قىلىش ئاكادېمىيىسى»، «جۇڭگو خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى» قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن «خەلقئارا مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە گۇۋاھنامىسى»، «خۇاشيا مەشھۇر زات گۇۋاھنامىسى»، «دۇنيا مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس گۇۋاھنامىسى»، «ئالتۇن مۇكاپات گۇۋاھنامىسى» بېرىلگەن ھەمدە جۇڭگو خەلقئارا مەشھۇر زاتلار جەمئىيىتى ئەزاسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەتقىقاتچىسى، خۇاشيا مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان.

«خوتەن ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى». خەنزۇچە. «خوتەن ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن. 1986 - يىل 12 - ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان ئىچكى ماتېرىيال. 16 كەسلەم. مەسئۇل مۇھەررىرى: ليۇ جىنگو، دى شىنزى.

كىتاب خوتەن ۋىلايىتى ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، تېرىقچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، باغۋەنچىلىكنى رايونلاشتۇرۇش، ئورمانچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، چارۋىچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، يىلە - ئۈجمىچىلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، يىرىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ كۆپ نىشانلىق پىلان مودېلى ھەققىدە تەتقىقات، سۇ ئىشلىرىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«خوتەن ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى». شۇ ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى. 1986 - يىل 12 - ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان، ئىچكى ماتېرىيال، تىراژى: 1000،

16 كەسلەم. مەتقۇربان داۋۇت بىلەن مەتتۇرسۇن سالامەت تەرجىمە قىلغان.

«خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالى» (和田地区国民经济统计资料). خوتەن ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسى تۈزگەن. ئاساسلىق تۈزگۈچى لى چاڭلىن. 16 كەسلەم. 1988 - يىل 10 - ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان. تىراژى: 205.

خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا تۈزۈلگەن 1160 بەتلىك بۇ كىتاب 25 سەھىپىگە بۆلۈنگەن. خوتەن ۋىلايىتى، ھەرقايسى ناھىيە - شەھەرلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ 1949 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، نوپۇس، تېرىلغۇ يەر، بوز يەر ئېچىش، سۇ رايى، ھاۋارايى، زىرائەت كۆلىمى، ئومۇمىي ۋە يەككە مەھسۇلات مىقدارى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، پىلىچىلىك، سانائەت، قاتناش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ماددىي ئەشيا، سودا، ئاشلىق - مايلىق سېتىۋېلىش، ئەمگەك ئىش ھەققى، مائارىپ، سەھىيە، مالىيە، پۇل - مۇئامىلە قاتارلىق جەھەتلەردىكى سانلىق مەلۇماتلار يىللار بويىچە ستاتىستىكا جەدۋىلى سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بەزى مۇھىم مەزمۇنلار يېزىقچە قىسقا بايان قىلىنغان. ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«شانلىق مۇساپە — خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ 60 يىلى». تۈرى: تەزكىرە. مەكتەپ تارىخىنى يېزىش ھەيئىتى تۈزگەن. مۇدىر: مۇھەممەد توختى، مۇئاۋىن مۇدىر: ئابلەھەت قۇربان، ئابدۇللا مەتسىيىت. ئەزالىرى (قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر): نۇرمۇھەممەد توختى، ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەتتوختى ئەھمەد، ئەنۋەر ھوشۇر. مۇھەررىرى: ئابدۇللا سۇلايمان، نۇرمۇھەممەد توختى. 1998 - يىل 9 - ئاي باسمىسى، چوڭ 32 كەسلەم، 339 بەت. 1500 پارچە تارقىتىلغان. بۇ كىتابنىڭ باش قىسمىغا تارىخىي قىممەتكە ئىگە سەككىز پارچە رەڭلىك سۈرەت ۋە ئالتە پارچە بېغىشلىما

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



بېرىلگەن. خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ 60 يىللىق (1938 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە بولغان سابىق خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مۇساپىسى، 1978 - يىل 10 - ئايدىن 1998 - يىل 10 - ئايغىچە بولغان ئالىي تېخنىكوم مۇساپىسى) تەرەققىيات ئەھۋالى 14 چوڭ تېما ۋە 19 مەزمۇن بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ كىتاب شۇ نام بىلەن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە نۇسخىسى مەكتەپ تويىدا بىرلا ۋاقىتتا تارقىتىلغان.

«21 - ئەسىرگە يۈرۈش قىلىۋاتقان خوتەن» (和田迈向21世纪). فوتو سۈرەت توپلىمى. باش مۇھەررىرى: جاڭ داچۈن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 228 — 05396 — 6/J.251. تىراژى: 3000.

بۇ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بېغىشلىغان سوۋغىسى سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان توپلام بولۇپ، 300 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. توپلامدا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ خوتەندىكى پائالىيەتلىرى، خوتەننىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان ھەرقايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، شۇنىڭدەك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 21 - ئەسىرگە يۈرۈش قىلىۋاتقان مەردانە ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت بايلىقى مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە ساياھەتچىلىك تەرەققىيات پىلانى». خەنزۇچە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلقئارا قۇرۇلۇش مەسلىھەت شىركىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن. 2002 - يىل 2 - ئايدا بېسىلغان. 16 كەسلەم.

كىتاب ئون بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئالدىنقى ئۈچ بابتا خوتەننىڭ ساياھەتچىلىك مەنبەلىرى بايان قىلىنغان ۋە ئۇلارغا باھا بېرىلگەن. كېيىنكى يەتتە بابتا خوتەننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ 2000 -

يىلىدىن 2015 ـ يىلىلارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەرەققىيات پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كىتابنىڭ ئاخىرىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 62 ساياھەت نۇقتىسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى بايان قىلىنغان.

«جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى مەرۋايىت ـــ خوتەن (中国西部明珠——和田)». خوتەن «شەرق، ئۇچۇر تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى تۈزگەن، خوتەن ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى بېكىتكەن. شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 2003 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، كىتاب نومۇرى: 4 — 3555 — 5372 — ISBN7، 32 كەسلەم. تىراژى: 1000.

بۇ كىتابتا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، سىرلىق رىۋايەتلەرگە تولغان گۈزەل مەنزىرىلىك ساياھەت بەلۋاغلىرى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، توي ـ مەرىكە، ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتى ۋە قول ھۈنەر سەنئىتى، خوتەننىڭ تەبىئىي گۆھەرلىرى ۋە باشقىلار ئىخچام، ئاممىباب تونۇشتۇرۇلغان. خوتەن رايونىنىڭ 2003 ـ يىللىق سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرلىرى ھەرقايسى ناھىيە ـ شەھەرلەر بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ئېلان قىلىنغان. كىتابنىڭ باش قىسمىدىكى ئالتە بەتكە ئالاھىدە ماھارەت بىلەن تارتىلغان 23 پارچە رەڭلىك سۈرەت بېرىلگەن بولۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىك روشەن گەۋدىلەنگەن.

«چىرا يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى». چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر ناملىرى ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1984 ـ يىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقىدا ئايرىم ـ ئايرىم باستۇرۇلغان. قاتتىق مۇقاۋىلىق، 16 كەسلەم، 480 بەت.

بۇ تويلامغا «چىرا» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخىي سەۋەبلىرى؛ چىرا ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى؛ ناھىيە بازىرى، يېزا ـ بازارلىرى، يېزا، كەنت، مەھەللە، يول، ئۆستەڭ، سۇ ئامبارلىرى؛ مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى، تەبىئىي ئورۇنلار، سۇنئىي قۇرۇلۇشلار، يەر ئاستى تەبىئىي بايلىقلىرى، ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار، ئوت ـ چۆپلەر، يايلاقلار ـــ ئومۇمەن مۇقىم ئىسىم بىلەن ئاتالغان بارلىق ئورۇن، شەيئىلەرنىڭ

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



پەيدا بولۇش تارىخى، شەكىللىنىش ئالاھىدىلىكى، جۇغراپىيىلىك ئورنى خەرىتىلىك شەكىل بويىچە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. چىرىنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«چىرا ناھىيىسىنىڭ تەشكىلات تارىخى ماتېرىياللىرى». خەنزۇچە. ئاپتورى: چىن شىڭۋېن. پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى تۈزۈپ 1990 - يىل 1 - ئايدا باستۇرغان. 16 كەسلەم، 263 بەت.

بۇ كىتابتا 1950 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا چىرا ناھىيىسىدىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئىدارە - ئورگان، يېزا - بازار، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردە ۋەزىپە ئۆتىگەن ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىللىرىدىكى ئاساسلىق ئىش - پائالىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇش ئەھۋاللىرى خاتىرىلەنگەن.

«چىرا تارىخ ماتېرىياللىرى». چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى 1994 - يىلى تۈزۈپ باستۇرغان. 32 كەسلەم، 362 بەت. ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

بۇ كىتابقا جەمئىي 18 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن. توپلامدا چىرا ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىغا دائىر قىسمەن تەپسىلاتلار، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، يېقىنقى زامان تارىخىغا دائىر ھاكىمىيەت، مەدەنىيەت، مائارىپ، بازار ئەھۋالى، «تۇڭگان يېغىلىقى»غا ئائىت ۋەقەلەر، بىر قىسىم شەخسلەرگە دائىر بايانلار، شۇنىڭدەك بەزى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر يىلنامىسى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن.

مەشھۇر چىرا ۋەقەسىنىڭ سەركەردىسى سوپۇرگە ئاخۇننىڭ ھاياتى ۋە چىرا ۋەقەسىنىڭ كونكرېت تەپسىلاتى توغرىسىدىكى بايانلار، چىرا ناھىيە بوستان يېزىسىدىكى كارىزنىڭ قېزىلىش جەريانى توغرىسىدىكى ماقالە، چىرا ناھىيىسىدە مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى ماقالە بۇ كىتابتا ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدۇ.

«چىرا ناھىيىسىنىڭ تارىخىي چوڭ ئىشلار خاتىرىسى».

خەنزۇچە. چىرا ناھىيىلىك پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى 1995 - يىلى تۈزۈپ باستۇرغان. 32 كەسلەم، 241 بەت.

بۇ كىتابتا 1949 - يىلىدىن 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا چىرا ناھىيىسىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار، ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت، چوڭ - چوڭ ۋەقەلەر يىل تەرتىپى بويىچە خاتىرىلەنگەن. چىرا ناھىيىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ئىشلار تارىخ سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن.

«چىرا ناھىيە چوڭ ئىشلار خاتىرىسى». چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن چىقىرىلغان. 16 كەسلەم، 727 بەت.

بۇ كىتاب چوڭ ئىككى بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمدە، چىرا ناھىيىسىدە 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى چوڭ ۋەقەلەر يىل، ئاي، كۈن تەرتىپى بويىچە يېزىپ قالدۇرۇلغان. ئىككىنچى بۆلۈمدە، چىرا ناھىيىسىدە خىزمەت قىلغان، ئىشلىگەن، چىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تۆھپىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغان شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالى، ئاساسلىق ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئابدۇغېنى داموللاھاجى». چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 1999 - يىلى باستۇرغان. 32 كەسلەم، 45 بەت.

بۇ تەرجىمىھال خاراكتېرلىك كىتاب بولۇپ، ئاساسلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئابدۇغېنى دامولاھاجىنىڭ تۇغۇلۇش، بىلىم ئېلىش، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى — يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دىنىي سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، دىنىي زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، چىرا ناھىيىسىنىڭ تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تىنچ ۋەزىيەت بەرپا قىلىش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقى، تالىپلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى جارى قىلدۇرغانلىقى تارىخىي تەرجىمىھال

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



شەكلىدە يېزىلغان.

«چىرىنىڭ 50 يىلى». خەنزۇچە. ئاپتورى: سۇن شىنماۋ. چىرا ناھىيىلىك پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى 1999 - يىل 9 - ئايدا تۈزۈپ باستۇرغان. 32 كەسلەم، 398 بەت.

بۇ كىتابتا 1949 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 50 يىل جەريانىدا چىرا ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ئىشلار، ئۆزگىرىشلەر، يېزا - بازار، شەھەر قۇرۇلۇشى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر، چىرىدا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەر تارىخ شەكلى بويىچە خاتىرىلەنگەن.

«چىرا ناھىيىسىنىڭ يەرلىك تارىخى». خەنزۇچە. ئاپتورى: سۇن شىنماۋ. ناھىيىلىك پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى 2001 - يىل 10 - ئايدا باستۇرغان. 32 كەسلەم، 622 بەت.

بۇ كىتابتا چىرا ناھىيىسىدىكى ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى، ئىدارە مەسئۇلى، ئىدارىلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، ھەربىر ئىدارىنىڭ تارىخى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەزكىرە شەكلىدە يېزىلغان. يەنە ھەرقايسى يېزا - بازارلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى تارىخىي يول بىلەن بايان قىلىنغان.

«چىرا ناھىيىسىگە خېرىدار چاقىرىش يېتەكچىسى». چىرا ناھە-يىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولۇپ باستۇرغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 16 كەسلەم، 29 بەت.

بۇ كىتابتا چىرا ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، چىرا ناھىيىسىدىن چىقىدىغان يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى، دورىلىق قىممىتى، ئىقتىسادىي قىممىتى، چىرا ناھىيىسىدىكى قەدىمكى ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، سەيلىگاھلار ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، چىرا ناھىيىسىدىن چىقىدىغان يەر ئاستى بايلىقلىرى، كان مەھسۇلاتلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار چۈشەندۈرۈلۈپ، خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىنىشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغان. ھەربىر ئالاھىدە مەھسۇلاتنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ئاستىدا شۇ مەھسۇلاتنىڭ رەڭلىك سۈرىتى قىستۇرما قىلىنغان، كىتاب

ساقلاش ۋە تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە.

«چىرا ناھىيىسىنىڭ يەنىمۇ مائارىپ تارىخى». ئاپتورى: مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن. ژانىرى: تارىخ - تەزكىرە. چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 2004 - يىل 4 - ئايدا باستۇرۇلۇپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان، چوڭ 32 كەسلەم، 250 بەت.

بۇ كىتابتا چىرا ناھىيىسىنىڭ 1924 - يىلىدىن 2004 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 80 يىللىق مائارىپ تارىخى بايان قىلىنغان، سانلىق جەدۋەل، سۈرەت كىرىشتۈرۈلمە قىلىپ يېزىلغان.

كىتابتا ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى، قۇرغۇچىسى، ئەينى ۋاقىتلاردىكى سىنىپ سانى، ئوقۇغۇچى سانى، مەكتەپلەرنىڭ ئورنى، مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، ئوقۇتۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلغان ۋاقىت تەرتىپى بويىچە تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا چىرا ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مەدرىسە مائارىپىدا ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان نامايەندىلەر، ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى، كەسپىي قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارمۇ ناھايىتى تەپسىلىي يېزىلغان.

---

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن 1958 - يىل 11- ئايدا چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا بېزىسى ماخمال كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1979 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ئۆز يۇرتىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1989 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل- ئەدەبىيات كەسپىنىڭ تولۇق كۇرسىدا ئوقۇغان. ھازىر چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇت-



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



قۇچىلىق قىلىنىۋاتىدۇ.

ئۇ كۆپ خىل ژانىردا ئەسەر يازىدىغان ئاپتورلارنىڭ بىرى بولۇپ، 1980 - يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ۋەتىنىمنى سۆيىمەن» ناملىق شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 500 پارچىدىن ئارتۇقراق شېئىر، 50 پارچىغا يېقىن ھېكايە، 200 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە ئائىت تەتقىقات ماقالىسى، 300 پارچىدىن ئارتۇقراق پەننىي نەزەرىيىۋى ماقالە، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتكە ئائىت 50 نەچچە پارچە ماقالە، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرىدىغان بىرقانچە ئون پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى، 30 پارچىدىن ئارتۇقراق ئەدەبىي ئوبزور، 20 پارچە ئاخبارات نەزەرىيىسىگە ئائىت تەتقىقات ماقالىسى ۋە بىر قىسىم نەسر، چۆچەك، مەسەللەرنى ئېلان قىلدۇردى. ھەر خىل ژانىردىكى 30 پارچىغا يېقىن ئەسىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىرلەشمە توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ 30 غا يېقىن سەنئەتكارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت پائالىيىتىنى مەتبۇئاتلاردا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر قىسىم سەنئەتكارلارنى خەلق قەلبىدىن قايتا ئورۇن ئالدۇردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم داڭلىق سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئىلھام بەردى. چىرا ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى ۋە ئىشلەنگەن كىتابلار ئۇچۇرىنى توزۇپ، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپ ناھىيىسىنىڭ تەشكىلات تارىخى ماتېرىيالى». جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخى تەزكىرە ئىشخانىسى، لوپ ناھىيىلىك ئارخىپخانا تەرىپىدىن 1987 - يىل 7 - ئايدا باستۇرۇلغان. 16 كەسلەم، 370 بەت.

بۇ كىتاب تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 1950 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە بولغان ھەر نۆۋەتلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى، دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ ئىسىملىكى، ھەرقايسى يېزا - بازارلىق پارتكوملارنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى، ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكى، ناھىيە بويىچە بارلىق كەنتلەرنىڭ ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق بۆلۈم، ئىدارىلەرنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن. لوپ ناھىيىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ 37 يىللىق كۈرەش مۇساپىسى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى». لوپ ناھىيىلىك يەر ناملىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن ئىشلىنىپ 1987 - يىل 3 - ئايدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئايرىم - ئايرىم قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ باستۇرۇلغان. 16 كەسلەم، 280 بەت.

بۇ كىتابقا لوپ ناھىيىسىدىكى مەمۇرىي رايون ۋە تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى، كەسپىي تارماق ۋە ئورۇنلارنىڭ ناملىرى، ئاپتونوم رايون، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ نامى، سۇنئىي قۇرۇلۇش ناملىرى، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملار، لوپ ناھىيىسىدىكى ئاسارئەتىقىلەر ناملىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابتا لوپ ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرى قېلىپلاشتۇرۇلغان. يەر ناملىرىنىڭ تارىخى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالى، مەدەنىيەت بىلەن تەبىئەت، مىللەت بىلەن تىل، ئىقتىساد بىلەن تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەر نامىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئۆزگىرىش ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ كىتاب لوپ ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئۆلچەملىك ھۆججىتى، شۇنداقلا ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەشكىلات، شەخسلەرنى ئۆلچەملىك يەر ناملىرى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان قورال كىتابتۇر.

«لوپ تارىخ ماتېرىياللىرى (1)». 1992 - يىل 5 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 141 بەت.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



بۇ كىتابقا 11 نەپەر ئاپتورنىڭ 14 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ماقالىلەردە لوپ ناھىيىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ لوپتىكى خىزمەت ئەھۋالى، لوپ ناھىيىسى مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ ئاتاقلىق مائارىپچى تۇردى رىشتىنىڭ «لوپ ناھىيىسىنىڭ مائارىپى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى»، «لوپ ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان خەنزۇچە تىل - يېزىق مەكتىپى توغرىسىدا ئەسلىمە» دېگەن ئىككى پارچە ماقالىسى لوپ ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تارىخىنى يېزىشتا ئاز تېپىلىدىغان قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيالدۇر.

«لوپ تارىخ ماتېرىياللىرى (2)». 1992 - يىل 6 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 176 بەت.

بۇ كىتابقا 22 نەپەر ئاپتورنىڭ 24 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ماقالىلەردە لوپ ناھىيىسىنىڭ 1949 - يىلىدىن بۇرۇنقى سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرى ئەھۋالى، پىلە - ئۈجمىچىلىك ئىشلىرى، قول سانائەت ئەھۋالى، لوپتىكى مۇھاجىرلارنىڭ ئەھۋالى ھەمدە بەشتوغراق يېزىسىنىڭ بەرپا بولۇش تارىخى، لوپ گىلىمى، جىيا ئەتلىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە توقۇلۇش ئۇسۇلى، سامپۇل يېزىسىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ تېپىلىشى ۋە قېزىلىشى قاتارلىقلار بىرقەدەر ئەتراپلىق بايان قىلىنغان.

«لوپ تارىخ ماتېرىياللىرى (3)». 1995 - يىل 9 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 208 بەت. بۇ كىتابتا 18 ئاپتورنىڭ لوپ ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى، لوپ ناھىيىسىنىڭ 1949 - يىلىدىن بۇرۇنقى سەھىيە ئىشلىرى، لوپتا ئۆتكەن ئاتاغلىق شەخسلەردىن ھاجى خانىم، تۇردى ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ ئۆمۈر ئىزلىرى ۋە گومىنداڭنىڭ لوپ شەھىرى ئىچىگە سالغان شەھەر قورۇلۇشى قاتارلىقلارغا ئائىت 22 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن.

«لوپ تارىخ ماتېرىياللىرى (4)». 2002 - يىل 6 - ئايدا لوپ

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 180 بەت.

بۇ كىتاب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 24 ئاپتورنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، سەھىيە، يېزا ئىگىلىكى، سانائەتكە دائىر 22 پارچە ماقالىسى ۋە شائىر تۇرسۇننىياز ئابدۇللا، روزىمەت ياقۇپنىڭ ئانا يۇرتى لوپقا بېغىشلاپ يازغان ئىككى پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

«گۇما ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى». بۇ ئىچكى ماتېرىيال بولۇپ، گۇما ناھىيىلىك يەر ناملىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن (ئۇيغۇرچىسىنى ئابلىز مامۇت تۈزگەن). 1987 - يىل 4 - ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى باسما زاۋۇتى تەرىپىدىن 800 تىراژدا بېسىلغان. 16 كەسلەم، 394 بەت. قاتتىق مۇقاۋىلىق.

تۈزگۈچىلەر گۇما ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار، مەيدان، ئىدارە - ئورگانلارنىڭ يەر ناملىرى، تارىخى، ئېتىنىك مەنبەسىنى ئىمكانقەدەر تولۇق، مۇپەسسەل توپلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئۇ بىر ياخشى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماتېرىيال مەنبەسىدۇر.

«گۇما تارىخ ماتېرىياللىرى (1)». 1992 - يىل 12 - ئايدا گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزۈپ تەييارلاپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا 2000 پارچە بېسىلىپ تارقىتىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 135 بەت.

توپلامغا گۇما ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ۋەقەلەر شۇنداقلا بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەرگە دائىر 12 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن. توپلامنىڭ مۇھەررىرلىكىنى تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسىيىن ئىشلىگەن.

«گۇما تارىخ ماتېرىياللىرى (2)». 1996 - يىل 3 - ئايدا گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزۈپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا 2000 تىراژدا بېسىپ تارقىتىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 185 بەت.

بۇ توپلامغا ئالدىنقى توپلامدىن قېپقالغان گۇما ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى تارىخىدىكى زور تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، خەلق تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر 23 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



مۇھەررىرلىكىنى تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسەيىن ئىشلىگەن.

«گۇما تارىخ ماتېرىياللىرى (3)» — («نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ يېڭى قىياپىتى»). گۇما ناھىيىلىك سابىق مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىدىن تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسەيىن تۈزگەن. 2003 - يىل 8 - ئايدا گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 تىراژ بىلەن نەشر قىلىنغان. كىچىك 32 كەسلەم، 60 مىڭ خەتلىك. كىتابتا گۇما ناھىيىسى تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە دائىر قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى بايان قىلىنغان.

«گۇما ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت تەزكىرىسى». تۈزگۈچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسەيىن. 1993 - يىل 2 - ئايدا گۇما ناھىيىلىك سابىق مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلۈپ (مۇقاۋىسىنى ئابلىكىم قۇدرەت لايىھىلىگەن)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا 2000 پارچە بېسىپ تارقىتىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 176 بەت بولۇپ، گۇما ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تارىخىي ئەھۋالىغا دائىر 11 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن. گۇما ناھىيىسىدىكى يازغۇچى - شائىرلار، سەنئەتكارلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان.

---



تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسەيىن 1942 - يىل 11 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆز يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ 1959 - يىلدىن تارتىپ گېزىت - ژۇرناللاردا 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ يەنە گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش

تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «گۇما تارىخ ماتېرىياللىرى (1-، 2-، 3 - قىسىم)»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (20-، 35-، 40 - قىسىم) دا 37 پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ۋە تەرجىمىھالى «دۇنيا ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى مەشھۇر جۇڭگولۇقلار»، «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى قامۇسى»، «جۇڭگو ئىختىساسلىقلار خەزىنىسى»، «ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى جۇڭگولۇقلار»، «دۇنياۋى كىشىلەر» قاتارلىق 20 خىل قامۇسقا كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا تونۇشتۇرۇلغان.

«كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى (1-، 2 - قىسىم)». كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى (1 - قىسىم) كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 2000 - يىل 11 - ئايدا ئىجازەت نومۇرى بىلەن باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 178 بەت.

بۇ كىتابقا «ئىزدىنىش»، «مۇنداق ئىشلارمۇ ئۆتكەن»، «كېرىيىدە ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر»، «ئۈچمەس ئابىدىلەر»، «مائارىپىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز»، «سودا ۋە تىجارەت»، «ئىختىساسلىقلار ئانكىتى»، «يىلنامىلەر» قاتارلىق سەھىپىلەر بويىچە كېرىيە تارىخىغا ئائىت 14 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن.

2 - قىسىم 2002 - يىل 9 - ئايدا باستۇرۇلغان بولۇپ، 32 كەسلەم، 291 بەت.

بۇ كىتابقا «ئۈمىد ۋە تەكلىپ»، «ئىزدىنىش»، «مائارىپىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز»، «ئۆچمەس ئىزلار»، «ئەينەك»، «ئاڭلىغانمۇسىز»، «ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن» قاتارلىق سەھىپىلەر بويىچە كېرىيىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئارخېئولوگىيىسى، تەبىئىي بايلىقلىرى، جۇغراپىيىسى، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، مائارىپ، يېزا - ئىگىلىكى ئېمىسى بويىچە 11 ئاپتورنىڭ 18 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «دۇنيا نەزىرىدىكى كېرىيە دەريا بويى»، «كېرىيە يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىزدىنىشلىرىم»، «قوۋمى شەھىدان تىلاۋەتخانىسى توغرىسىدا»، «ئابدۇللا خاننىڭ كېرىيىگە قىلغان سەپىرى ۋە كېرىيە

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



تارىخىدا ئۆتكەن غوجىلار» قاتارلىق بىر قىسىم ماقالىلەر كېرىيىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قوللۇق ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

«كېرىيىگە سەپەر» (走进于田). خەنزۇچە. ئاپتورى: ليۇ تيەنشۇ. ئىلمىي تەتقىقات - تەزكىرە تۈردىكى كىتاب، 2002 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 32 كەسلەم، 307 بەت.

كىتاب يەتتە بۆلەكتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى بۆلەكتە كېرىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، گۈزەل تاغ - دەريالىرى، بوستانلىق بەلۋاغلىرى، قۇملۇقلىرى، ھەرقايسى پەسىل ئەھۋالاتلىرى، تۇپراق قاتلىمى ۋە ئۆسۈملۈكلىرى، مول قاشتېشى ۋە باشقا قېزىلما بايلىقلىرى، يەرلىك چارۋىلاردىن كېرىيىدە ياشايدىغان ئۇچار قۇشلارغىچە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. كېيىنكى بۆلەكتە تاش قوراللار دەۋرىدىكى كېرىيىدىن تارتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كېرىيىگىچە بولغان مەزمۇنلار ئارقىلىق، كېرىيىنىڭ پۈتكۈل تارىخى بىرقەدەر ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

3 -، 4 - بۆلەكلەردە «سانلىق مەلۇماتلاردىن تەرەققىياتقا نەزەر» سەرلەۋھىسى ئاستىدا كېرىيىنىڭ نۆۋەتتىكى شەھەر قىياپىتى، سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرى، سۇ ئامبارلىرى، كۆللىرى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، شاللىق رايونلىرى، ئوتلاقلىرى، ئېلېكتر ئىستانسىلىرى، چارۋىچىلىقى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

5 - بۆلەكتە «1981 - يىلىدىكى كېرىيە» دېگەن مەزمۇندىن باشلاپ كېرىيىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن كېيىن قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرى سۆزلەنگەن.

6 - بۆلەك خەلق فولكلورى قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا كېرىيىلىكلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتى، توي - تۆكۈن مۇراسىملىرى، فولكلور ئادەتلىرى، مىللىيچە بايراملىرى، ياغاچتىن ياسالغان ئەنئەنىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئۇزۇن ئۆمۈر چۆلپانلىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

ئاخىرقى بۆلەك «شەخسلەر» دېگەن تېمىدا بولۇپ، جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسى كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن 2002 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كېرىيىنىڭ پارتكوم شۇجىلىرى، مەسئۇللىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان بىر قىسىم تۆھپىكارلار تونۇشتۇرۇلغان.

كىتاب بېشىدا ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ «كېرىيە مېنىڭ سۆيۈملۈك يۇرتۇم» دېگەن تېمىدىكى كىرىش سۆزى بېرىلگەن.

---

لىيۇ تيەنشۇ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ فېڭشەن ناھىيىسىدىن. 1957 - يىلى كېرىيىگە كەلگەن ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كاتىپى، قىنت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، شۇجىسى، كوپېراتىپ پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا يۆتكەلگەن. ئۇ 1998 - يىلى دىم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىنى



ئۆتكۈزگەن كېرىيىدىن ئىبارەت بۇ خىلۋەت ماكان توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىپ، تارىخ، تەزكىرە مەزمۇنىدىكى بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان.

«كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان ئىسلاھاتىغا دائىر ماتېرىياللار مەجمۇئەسى». خەنزۇچە. بۇ مەجمۇئە كېرىيە ناھىيىلىك ئورگان ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، كېرىيە ناھىيىلىك ئاپپارات، شتات كومىتېتى ھەيئىتى ئىشخانىسى، كېرىيە ناھىيىلىك كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاش، باشقۇرۇش ئورگىنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. 16 كەسلەم، 408 بەت.

بۇ كىتابتا ئاپتونوم رايون ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ناھىيە، يېزا - بازار ئورگان ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى خۇلاسىلەنگەن. كىتاب ئورگان ئىسلاھاتىدا ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى،

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



پارتكوم، ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسى، يېزا - بازارلارنىڭ ئورگان قۇرۇلمىسىنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسى ۋە شتاتىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلىشىشى قاتارلىقلارنى ئۆزگە مەزمۇن قىلغان شۇنداقلا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تارقاتقان ھۆججەتلەرنىڭ روھى، يولغا قويۇش لايىھىسى، «ئۈچنى بېكىتىش» لايىھىسىنىڭ تەلىپى بويىچە يېڭى پارتكوم، ھۆكۈمەت تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋە يېزا - بازارلار تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى، ئورگانلار ۋە خادىملارنىڭ ئىخچاملىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى روشەن نەتىجىلەر بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، مەركەز، ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەتنىڭ تۇرلۇك ھۆججەت، يوليورۇقلىرى مەجمۇئە تەرىقىسىدە توپلاپ بېرىلگەن.

«كېرىيە دەريا ۋادىسىدىكى ئەسلىمە» — تەكلىماكان ۋادىسىدىكى بوستانلىقتا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت.

2000 - يىل 12 - ئايدا فرانسىيە تەتقىقات مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ كېرىيە دەريا ۋادىسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن چوڭ تىپتىكى سۈرەتلەر توپلىمى. كىتاب فرانسۇزچە بولۇپ، چوڭ 16 كەسلەم، 245 بەت. ئۆلچەملىك رەڭلىك باسما. باھاسى: 290 فرانك.

كىتابتا فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ بىرنەچچە قېتىم كېرىيە دەرياسىنى تەكشۈرۈشىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلار يېزىلغان، قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا بايقالغان تۇرلۇك مېتال بۇيۇملار، ياغاچ بۇيۇملار، توقۇلمىلار كىتابقا رەڭلىك رەسىم بويىچە كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ھەربىرىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىزاھات بېرىلىپ، بۇ بۇيۇملار ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر ۋە قىياسلار يېزىلغان. 112 تۈردىكى 150 خىلغا يېقىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى رەڭلىك رەسىم بويىچە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. چۈشەنچە - ئىزاھلار فرانسۇزچە بولۇپ، پەقەت باش قىسمىغا جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى يۈ فېڭنىڭ كىرىش سۆزى ۋە ئاخىرىدا كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنىڭ جۇڭگو يېزىقىدىكى مۇندەرىجە ئاچقۇچى ۋە چۈشەندۈرۈشى بېرىلگەن، فرانسۇزچە

تونۇشتۇرۇلغان رەڭلىك رەسىملەرگە نومۇرلار بويىچە ئىسىم قويۇلغان ھەمدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلگەن.

جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىلەن فرانسىيە تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى (UMR7041) نىڭ كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 1991 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا كۆپ قېتىم ئەمەلىي ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ باردى، ئون يىللىق ھەمكارلىق جەريانىدا مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. «قارادۆڭ» خارابىسى ۋە كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنىدىكى ئۈچ بۇرجەك بەلۋاغ رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەر تەرەپلىمە قىدىرىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر تۈركۈم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىقتى، بولۇپمۇ بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى رەڭلىك تام رەسىملىرى، ساپال، تۆمۈر، ياغاچ، مىس قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە تۇرمۇش بۇيۇملىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىدۇر. يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى، كەندىر توقۇلما بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى قىممەتلىك يېڭى بايقاشتۇر.

بۇ كىتاب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىم: «بۈگۈنكى كېرىيە دەرياسى ئېقىنى — جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت بۇرجىكى». بۇ قىسىمدا ئىلغار سۈنئىي ھەمراھ تېخنىكىسى بىلەن ئورۇن بېكىتىپ تەكشۈرۈشتە 100 يىللار مۇقەددەمقى سۈيۈن ھېدىن، ئاۋرېل ستەيىن قاتارلىق ئېكىسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرگەن ئىزلىرى ئاختۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلۈپلا قالماي، بۇ يەرنىڭ قەدىمكى يەر تۈزۈلۈش ئەھۋالى، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە ياسىلىش ئۇسۇللىرى تەتقىق قىلىنغان ۋە تونۇشتۇرۇلغان شۇنداقلا ئولتۇراق ئۆي ئەھۋالىغا ئالاقىدار بىر قاتار تەقلىدىي سىزما رەسىملەر كىرگۈزۈلگەن.

ئىككىنچى قىسىم: «قارادۆڭ — قەدىمكى كېرىيە» بولۇپ، بۇ قىسىمدا قارادۆڭ خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار، كېرىيە كىشىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، دىنىي ئېتىقادى كۆرسىتىپ بېرىلگەن ھەمدە جۇڭگو - فرانسىيە

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ «قارادۆڭ» بۇددا ئىبادەتخانا تام رەسىملىرىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ئوڭشاپ، بۇددا ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى بايان قىلىنىپ، كىشىلەرگە «قارادۆڭ» دىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ھالىتى قايتا نامايان قىلىپ بېرىلگەن.

ئۈچىنچى قىسىم: «كېرىيە دەريا ساھىلى — ئەڭ قەدىمكى يۇمىلاققورغان شەھىرى» بولۇپ، بۇ قىسىمدا بۇنىڭدىن 2000 يىلدىن بۇرۇنقى يۇمىلاققورغان قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى ۋە ئەتراپتىكى قەبرىلەرنى قېزىش دوكلات قىلىنغان. بۇ رايوندىكى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بىلەن ساكلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. يىغىۋېلىنغان يۈڭ توقۇلمىلارنىڭ پارچىلىرى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا كىيىم - كېچەك نۇسخىلىرىغا قارىتا تەقلىدىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق قەدىمكى كېرىيىلىكلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى قايتىدىن تۇزۇپ، لايىھىلەپ چىقىلغان.

كىتابنىڭ باش قىسىمدا يەنە جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقانلارنىڭ ئەھۋالى، قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنى رەتلەش، تازىلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، رېمونت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان.

«توردىكى كېرىيە». كېرىيە ئۇچۇر مەركىزى تەرىپىدىن 2003 - يىل 9 - ئايدا ئىنتېرنېت توردىن چۈشۈرۈلگەن كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە كېرىيە تەتقىقاتىغا ئالاقىدار بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن رەتلەپ تۈزۈلگەن كېرىيىنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت كىتابتۇر. چوڭ 16 كەسلەم، 170 بەت.

كىتابتا كېرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، دىنىي ئېتىقادى، تىل - مەدەنىيىتى، قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، ھاكىمىيەت تارىخى، ئىجتىمائىي قىياپىتى قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەمدە كېرىيىنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، كېرىيىنىڭ قەدىمكى بۇددا دىنى ئېتىقاد ئەھۋالى ۋە قاشتاش مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەھۋاللار بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، ھەر خىل

ئەپسانە - رىۋايەتلەر نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، كېرىيىنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت ئەھۋالى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، دۇنخۇاڭ (دەشت ئاتا) مەدەنىيىتى، يىپەك يولى مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇلاھىزە قىلىنغان. كىتاب «لاۋزى ئاقساقالنىڭ غەربكە بېرىشى ھەققىدە بايان» ناملىق باب ئارقىلىق تۈگەللەنگەن بولۇپ، بۇ بابتا جۇڭگو قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر زات لاۋزى بىلەن كېرىيىنىڭ سىرلىق دەريا بويى يېزىسىغا ئائىت ئەپسانە - رىۋايەت ۋە گۈزەل تەسەۋۋۇرلار ئۆزئارا باغلىنىپ، تارىخنىڭ ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان بۇ «پىنھان» تەرەپلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«قاراقاش تارىخ ماتېرىياللىرى» (1). قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1993 - يىل 7 - ئايدا ئىشلەنگەن. كىچىك 32 كەسلەم، 269 بەت.

كىتابتا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تارىخىغا دائىر تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي ئىزلار، تۆھپىكار شەخسلەر، يەر - جايناملىرى توغرىسىدا جاپپار رېھىم قاتارلىق 11 ئاپتورنىڭ 22 پارچە ماقالىسى بار. بۇ كىتابنى ئوقۇغان كىشىلەر قاراقاش تارىخىدىن ئاز - تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولالايدۇ.

«قاراقاش تارىخ ماتېرىياللىرى» (2). تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن 2003 - يىل 3 - ئايدا ئىشلەنگەن. چوڭ 32 كەسلەم، 242 بەت.

بۇ كىتابتا جاپپار رېھىم قاتارلىق 11 ئاپتورنىڭ 26 پارچە ئەسىرى بار. بۇ كىتابتا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مائارىپ، سەھىيە، پىلە - ئۈجمىچىلىك، ناھىيە تەۋەسىدىكى تارىخ - مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى، يېزا ئىگىلىكى، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، دارۋازلىق، تېببىي داۋالاش قاتارلىق ساھە - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى، تۆھپىكارلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«نىيا ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش». خەنزۇچە. 16 كەسلەم، 177 بەت. 1987 - يىلى نىيا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش ئىشخانىسى تۈزۈپ باستۇرغان. ۋاڭ شۇشىننىڭ مەسئۇللۇقىدا تۈزۈلگەن بۇ كىتابقا نىيا ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىشقا دائىر ئون پارچە ماقالە ۋە ئالاقىدار

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



خەرىتىلەر كىرگۈزۈلگەن.

«نىيا ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى». خەنزۇچە. 16 كەسلەم، 231 بەت. 1988 - يىل 8 - ئايدا نىيا ناھىيىلىك ئومۇمىي پىلان ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 500 نۇسخا باستۇرۇلغان.

كىتاب لى باۋچىڭ، ۋاڭ گۇاڭشۇ قاتارلىقلارنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان بەش پارچە يىرىك پىلاندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سانائەت - سودا، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا دائىر ئومۇمىي ئەھۋال ۋە 15 يىللىق تەرەققىيات پىلانى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«نىيا تارىخ ماتېرىياللىرى» (1 - توپلام). 32 كەسلەم، 190 بەت. نىيا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىش ئىجازەتنامە نومۇرى (2004) 194. 2004 - يىل 9 - ئايدا 2000 پارچە بېسىپ تارقىتىلغان.

كىتابقا مەتقاسىم مەتنىياز، قاۋۇلجان مەتقۇربان، ئىلغارجان مەتتۇرسۇن قاتارلىقلارنىڭ نىيا ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئىجتىمائىي، سىياسىي زور ئىشلار ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر 32 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن.

---

قاۋۇلجان مەتقۇربان 1960 - يىل 7 - ئايدا نىيا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1982 - يىل 8 - ئايدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقان. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇغان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئوقۇتقۇچى، نىيا ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ جۇڭگو مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۇنىڭ بىر قىسىم ئىلمىي ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن.